# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىڭلار

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ مەيدان مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىدە، شەھەر ـ يېزىلاردىكى كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىگە قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خادىملار بىلەن بىرلىكتە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، بولۇپمۇ مەھەللىلەردىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاما ئالدىنى ئېلىش، ئاما تىزگىنلەشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشتىكى ئۇلۇغ كۈچنى تولۇق نامايان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، ۋۇخەندە ۋۇخەندىن ئايرىلىش، خۇبېيدىن ئايرىلىش يوللىرىدىكى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى بىكار قىلىندى، لېكىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەھەللە يەنىلا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم مۇداپىئە لىنىيەسى، يېڭى ۋەزىيەتتە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش ئاچقۇچ. سىلەرنىڭ ئۇدا جەڭ قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشىڭلارنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەھەللە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپى. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 4 مىليوندىن ئارتۇق مەھەللە خىزمەتچىسى بىرىنچى سەپنى چىڭ ساقلاپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى 650 مىڭ مەھەللىدە يۇقۇم ئەھۋالىنى كۆزىتىش، كىرىپ ـ چىقىشنى باشقۇرۇش، تەشۋىق ـ تەربىيە، مۇھىتنى تازىلاش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشى، يامرىشىنى توسۇش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئەنخۇالى مەھەللىسى، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ دۇڭخۇ شىنچېڭ مەھەللىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى، ھال سورىدى. يېقىندا، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ دۇڭخۇ شىنچېڭ مەھەللىسىدىكى بارلىق مەھەللە خىزمەتچىلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، باش شۇجى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ھەم بازىنى داۋاملىق ياخشى ساقلاش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. قىلچە تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش كېرەك. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، كەسىپنىڭ ئايلىنىشى، بازارنىڭ ئايلىنىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ نورمال تىجارەت قىلىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ دىققەتنى نۇقتىلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېزدىن ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ بازار ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، بازار تەمىناتىنى موللاشتۇرۇپ، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، ئىستېمال سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇش، چەت ئەل مەبلىغىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىگە ۋۇسكا ئېسىپ ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق جەڭنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك بىلەن جەڭنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە نازارەت قىلىپ ئۆلچەپ ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەردەم ھالەتتىكى ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا مول ھوسۇل ئېلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى تۇتۇپ، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆلەم، مەھسۇلات مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى مۇلازىمىتى، يېزا ئىگىلىك ئەسلىھەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كېسەل، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

بەشىنچىدىن، سالماقنى ئاشۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، تۇرالغۇ قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، گۈرۈچ، ئۇن، ئاشلىق، ياغ، گۆش، تۇخۇم، سۈت، كۆكتات قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروتقا تەشكىللەش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ باھانى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى تۇتۇپ، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورمان، ئوتلاقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەشنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەن چېكىنى قاتتىق ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاما خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جاسارىتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پاراستى، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارى بىلەن قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، لىيۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەتكەندىن كېيىن، مەكتەپ ياتىقى، ئاشخانىسى، مەكتەپ دوختۇرخانىسى قاتارلىقلارغا كىرىپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە قايتىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ غىزالىنىش، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى زاپىسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەل جايىدا قىلىپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى، تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەم، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل بولۇش، ئاتا ـ ئانىلارغا مەسئۇل بولۇش، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۆلچەمدە ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەكتەپكە قايتىش ئۆلچىمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپكە كىرگەندىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈشنى چىڭىتىپ، مەكتەپكە كىرگەنلەرنىڭ مۇتلەق ساغلام، بىخەتەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ئومۇميۈزلۈك، تەلتۆكۈس تۈزەپ، سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق ئادەم زىچ رايونلار ۋە نۇقتىلىق ئورۇنلارنى دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۈچلىرىنى ئىلمىي، مۇۋاپىق سەپلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشخانىنىڭ تاماق بىلەن تەمىنلەش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ غىزالىنىش لايىھەسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا ياتاقتا يېتىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆرۈر مۇداپىئەلىنىشىنى ياخشى قىلىپ، پىسخىكا جەھەتتە يېتەكلەش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئوقۇتۇش پىلانىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ دەرس ئاڭلىشىنى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەكتەپلەردە نۆۋەتچىلىك قىلىش ـ تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇش تۈزۈمىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ ۋە تۈگىتىپ، مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە كومىتېتلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك كادىرلار جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى ھەقىقىي مۇجەسسەملىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رىن خۇا بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇھىم ئامىللارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەرتىپلىك يۆتكىلىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم ئامىللارنى تەقسىملەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىجادىي كۈچى ۋە بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ھازىر، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا بۇ «پىكىر» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«پىكىر»نىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم ئامىللارنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۈزۈلمە مېخانىزم توساقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مۇھىم ئامىللار بازىرى سىستېمىسىنى تاكاممۇللاشتۇرۇپ، مۇھىم ئامىللار بازىرى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم ئامىللارنىڭ باھاسىنى بازار بەلگىلەش، يۆتكىلىشى ئۆز ئالدىغا تەرتىپلىك بولۇش، سەپلىنىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئادىل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا پۇختا تۈزۈم ئاساسى سېلىشتىن ئىبارەت.

«پىكىر»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي پرىنسىپ: بىرىنچى، بازار بەلگىلەش، تەرتىپلىك يۆتكىلىش. بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم ئامىللارنىڭ يۆتكىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا باراۋەر ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مۇھىم ئامىللارنى تەقسىملەشتە بازار قائىدىسى، بازار باھاسى، بازار رىقابىتىگە تايىنىپ، ئۈنۈمنى ئەڭ زورايتىش ۋە ئۈنۈمدارلىقنى ئەڭ ئەلالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىككىنچى، تۈزۈمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش. ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مۇھىم ئامىللار بازىرىنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت تەڭشەش ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جانلاندۇرۇش بىلەن ياخشى باشقۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك مۇھىم ئامىللارنىڭ ماس ھالدا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە توپلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، مەسىلىنى يۆنىلىش قىلىش، تۈرگە ئايرىپ تەدبىر قوللىنىش. بازارنىڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ تەقسىملىنىشىنى بەلگىلەش دائىرىسى چەكلىك بولۇش، مۇھىم ئامىللارنىڭ يۆتكىلىشىدە تۈزۈلمە مېخانىزم توسالغۇسى مەۋجۇت بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئوخشاش بولمىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى، بازارلىشىش دەرىجىسىدىكى پەرق ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى تۈرگە ئايرىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تۆتىنچى، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش، تەرتىپلىك تەدرىجىي ئالغا سىلجىتىش. بىخەتەر، كونترول قىلغىلى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، يېڭى تىپتىكى مۇھىم ئامىل ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، راۋاجلاندۇرۇپ، مۇھىم ئامىللارنىڭ سۈپىتىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

«پىكىر»دە يەر مۇھىم ئامىلىنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى ئالغا سىلجىتىش، ئەمگەك كۈچى مۇھىم ئامىلىنى مۇۋاپىق، راۋان، تەرتىپلىك يۆتكىلىشكە يېتەكلەش، كاپىتال مۇھىم ئامىلىنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى ئالغا سىلجىتىش، تېخنىكا مۇھىم ئامىلى بازىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، سانلىق مەلۇمات مۇھىم ئامىلى بازىرىنى تېز يېتىلدۈرۈش، مۇھىم ئامىللار باھاسىنى بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، مۇھىم ئامىللار بازىرىنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، تەشكىلىي كاپالەت قاتارلىقلارغا قارىتا كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 3 ـ ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ 841 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2020 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ 841 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 940 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 296 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى. پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي جازا بېرىلگەن كادىرلار ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك ئالتە كىشى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 11 كىشى، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن 279 كىشى بار.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماي، چەكلىسىمۇ بويسۇنماي ياكى توختىماي پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ دەبدەبىلىك سۆزلەپ، ھەرىكەتتە ئاز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ناچار بولۇپ، ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىش» جەھەتتىكى 83 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان؛ «ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش جەھەتتە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈش» جەھەتتىكى 680 مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئومۇمىي ساننىڭ 10.5%ى، 86.3%نى ئىگىلىگەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ داڭلىق، قىممەت، ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش ـ سوۋغا قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم، تەبرىكلەش ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈش، بەلگىلىمىگە خىلاپ قوشۇمچە پۇل، ياردەم تولۇقلىمىسى ياكى پاراۋانلىق تارقىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەسىلە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي ساننىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 28.3%ى، 20.7%ى، 15.1%نى ئىگىلىگەن.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋەزىيەتنى تولۇق، ئېنىق تونۇپ، دىققەتنى نازارەت قىلىش ئاساسىي ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بىرىنچى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەستىقى، يوليورۇقى ۋە بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشى ھەمدە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى تۈرلۈك ئىنتىزام تەلەپلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىشقا تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەردىكى قىلىدىغاننى قىلماسلىق، سۆرەلمىلىك قىلىش، قالايمىقان ئىش قىلىش، ساختا ئىش قىلىشتەك شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى تۈزىتىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، ئىستىلى تۇراقسىز بولغان، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغان، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان ـ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان پارتىيەلىك كادىرلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.